# رامىزان ئىچىدە ئەر-ئايال جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولسا بولامدۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

هل يجوز الجماع خلال شهر رمضان
[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# رامـزان ئـچـىدە ئەر-ئايال جـىنـسـىي مۇناسـىۋەتتە بولسا بولامدۇ؟

23339- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

رامـزان ئـىچـىدە ئەر - ئايال جـىـنسـىي مۇناسـىۋەتتە بولسا بولامـدۇ؟ رامزاننـىڭ كـېچـىسـىدە ئەر - ئايالـلار جـىـنسـىي مۇناسـىۋەتتە بولۇپ سوھۇرلۇق يېـيىـشتـىن ئـىلـگـىرى غۇسلى قـىلـسا(يۇيۇنسا) بولامدۇ؟

جاۋاپ:

بارلىـق گـۈزەل ماخـتاشـلار ئالـلاھـغا خاسـتۇر.

بـىرىـنچى: رامـزان ئـچـىدە (يەنى كۈندۈزدە) روزا تۇتۇش پەرز قـىلـىنغان ئەر-ئايالـلارنـىڭ جـىـنسـىي مۇناسـىۋەت ئۆتكۈزۈشى هارام (چەكلەنگەن) بولۇپ، بۇنداق قـىلـغانلار رامزاننـىڭ هۆرمـىتـىنى ساقلـىماي خاتا ئـىش قـىلـغان بولـىدۇ، بۇنـىڭ ئۈچۈن كاپارەت كـېـتىـدۇ، كاپارەتنـىڭ مـىقدارى: قۇللۇق دەۋرى بولسا مۇسۇلمان قۇلدىن بـىرنى ئازات قـىلـىش، بۇنى قـىلـىشقا قۇدرىتى يەتمـىسە ئـىككى ئاي ئارقـىمۇ - ئارقا ئۇلاپ روزا تۇتۇش، بۇنـىڭغـىمۇ ئاجىـز كەلـسە ئاتمـىش (60) مـىسكـىنگە تويغۇدەك تاماق بېرىشى كـېرەك.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قـىلـىـنـىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« بـىر پەيغەمـبەر ئەلەيهـىسسالامـىنـىڭ يېـنىدا ئولتۇراتتۇق، بـىر ئادەم كېلـىپ، يا رەسۇلۇللاھ! مەن هالاك بولدۇم- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام

ئۇنىڭدىن: ـ سېنى نېمە ھالاك قىلدى؟ـ دەپ سورىۋىدى، بۇ ئادەم :ـ مەن روزىدار تۇرۇپ ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلىپ قويدۇم، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بىر قۇل ئازات قىلالامسەن؟ ـدەپ سوردى. ھېلىقى ئادەم، ياق-دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭدىن، ئىككى ئاي ئارقا- ئارقىدىن روزا تۇتالامسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: ياق-دەپ جاۋاب بەردى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: 60 پېقىرغا تائام بېرەلەمسەن؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: ياق-دېدى. بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ نەرسە دېمەي تۇرۇۋىدى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا بىر تاغار خورما كەلتۈرۈلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سوئال سورىغان كىم؟دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئادەم: مەن يارەسۇلۇللاھ ! دەپ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇنى ئال ۋە سەدىقە قىلغىن دېدى. ھېلىقى ئادەم- يارەسۇلۇللاھ! بۇنى مەندىنمۇ پېقىر بىرسىگە سەدىقە قىلامدىمەن؟ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنىدە مېنىڭ ئائىلەمدىنمۇ پېقىر ئائىلە يوق- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، ئاندىن بولدى، بۇنى ئېلىپ كېتىپ ئائىلەڭگە سەدىقە قىل دېدى » (بۇخارى 1834ـ 1835 )، (مۇسلىم 1111)

ئەمما رامزاننىڭ كېچىسىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىشى دۇرۇس بولۇپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگىچە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كىيىن بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن:« روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۇچۇن

كېيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۇچۇن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەر ئەر- ئايال ئارىلىشىپ ياشايسىلەر، كىيىم بەدەننى ئىسسىق- سوغۇقتىن ساقلىغاندەك، سىلەرمۇ بىر- بىرىڭلارنى گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلايسىلەر، خۇددى كىيىم سىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپقاندەك، سىلەرمۇ بىر- بىرىڭلارنىڭ ئېيىپلىرىنى ياپىسىلەر). ئاللاھ تائالا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئالدىغانلىقىڭلارنى بىلدى. ئاللاھ تائالا تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار»(بەقەرە سۈرىسى 187- ئايەت( .

بۇ ئايەت رامزاننىڭ كېچىلىرى تاڭ يورۇغانغا قەدەر يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ  دۇرۇس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش، بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش كېرەك.